# بازارغا كىرىۋاتقان مالنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئېلىۋالماڭلار، بىرىڭلار يەنە بىرىڭلارنىڭ پۇتۇپ بولغان سودىسىنى بۇزۇپ ئۆزى سودا قىلمىسۇن، شەھەرلىك سەھرالىقتا بىرنەرسە ساتمىسۇن، تۆگىنىڭ ۋە قويىنىڭ يېلىنىنى چوڭ كۆرسىتىپ ساتماڭلار

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: بازارغا كىرىۋاتقان مالنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئېلىۋالماڭلار، بىرىڭلار يەنە بىرىڭلارنىڭ پىتىپ بولغان سودىسىنى بۇزۇپ ئۆزى سودا قىلمىسۇن، سەھرالىقنىڭ مېلىنى ئۆزى ساتماي شەھەرلىك سېتىپ بەرمىسۇن، تۆگىنىڭ ۋە قويىنىڭ يېلىنىنى چوڭ كۆرسىتىپ ساتمىسۇن، كىمكى ئاشۇنداق سېتىۋالغان بولسا ئۇنى سېغىپ باققاندىن كېيىن ئىختىيارى بار، ئەگەر رازى بولسا تۇتۇۋەرسۇن، ئۇنداق بولمىسا ئۇ مالنى بىر سا خورما بىلەن قايتۇرۇپ بەرسۇن

[- سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھارام قىلىنغان بەش خىل تۈردىكى سودىدىن چەكلىدى. چۈنكى ئۇنىڭدا ساتقۇچى، ئالغۇچى ۋە ئۇلاردىن باشقىلارغا زىيان بولىدۇ. 1- سىرتتىن ماللىرىنى ساتقىلى كەلگەنلەرنى بازارغا كىرىشتىن بۇرۇن ئالدىنى توسۇپ سېتىۋېلىشتىن توسقان. چۈنكى ئۇلار بازارنىڭ ھەقىقى باھاسىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بەزىدە ئۇلارنى ئالداپ ئۇلارنىڭ جاپاسىغا لايىق رىزقىدىن مەھرۇم قېلىشى مۇمكىن. 2- بىر ئادەمنىڭ قىلغان سودىسىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭغا سېتىش ياكى سېتىۋېلىشتىن چەكلىدى. مەسىلەن: بىر سودىنىڭ مەسلىھەت قىلىش پۇرسىتىدە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن، ساتقۇچى بولسا خېرىدارغا: مەن ساڭا بۇ مالدىن ياخشىراقنى بېرىمەن ياكى بۇ باھادىن ئەزانىراق بېرىمەن، دەيدۇ. خېرىدار بولسا: مەن بۇ مالنى ئا كىشىدىن قىممەترەك ئالىمەن، دەيدۇ. بۇنىڭ ھەممىسىنى سودىنى بۇزۇپ ئۆزى سودىلىشىش ئۈچۈن قىلىدۇ. بۇنىڭدىن چەكلىدى، چۈنكى بۇنداق قۇتراتقۇلۇق قىلىشنىڭ ئۆچ ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىككە، ۋە كىشىلەرنىڭ رىزقىنىڭ كېسىلىشىگە سەۋەب بولىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. 3- مالنى ئالمايدىغان نىيىتى تۇرۇپ، ئۇنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈپ قويۇش ئارقىلىق ساتقۇچىغا پايدا يەتكۈزۈش ياكى سېتىۋالغۇچىغا زىيان سېلىشتىن چەكلىدى، چۈنكى بۇنىڭدا يالغانچىلىق، خېرىدارنى ئالداش، ھىلە – مىكىر قىلىش ئارقىلىق مال باھاسىنى ئۆستۈرۈش بارلىققا كېلىدۇ. 4- شۇنىڭدەك يەنە، سەھرالىق مېلىنى ئۆزى ساتماستىن، شەھەرلىكنىڭ سېتىپ بېرىشىدىن چەكلىدى. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا بۇ شەھەرلىك تەپسىلى ئەھۋالنى بىلگەچكە باشقا خېرىدارلارغا پەقەت پايدا يەتكۈزمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ئۆز ھالىغا قويۇڭلار! ئاللاھ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى ئارقىلىق رىزقلاندۇرىدۇ، دەيدۇ. 5- سېغىن چارۋىلارغا ھىلە ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ يېلىنىنى چوڭ كۆرسىتىپ سېتىشتىن چەكلىدى، بۇنداق قىلغاندا خېرىدار بۇ مال نورمالدىمۇ مۇشۇنداق سۈتلۈك ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ ئۇنى نورمال باھادىن قىممەت سېتىۋالىدۇ. بۇنداق قىلغاندا خېرىدارنى ئالداپ ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. يۇقىرىقىدەك ئەھۋالدا شەرىئەت مالنى ساتقۇچىغا قايتۇرۇشقا پۇرسەت بەردى. يەنى ئالغۇچى ئۈچ كۈن ئۇ مالنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئويلىنىش پۇرسىتىدۇر. بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ ساختا سۈتلۈك ئىكەنلىكىنى بىلگەندە، ئۇنى ئېلىپ قېلىش ياكى قايتۇرۇۋېتىش ئىختىيارلىقى بولىدۇ. ئەگەر مەزكۇر مۇددەت ئىچىدە ئۇ مالنى ساغقان بولسا، مال بىلەن بىر سا مىقداردا خورما بىلەن بىللە قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك